| سان / شەخس | | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|---|
| I شەخس | | -سەم، - سام | -سەك ،-ساق |
| II شەخس | ئاددى تۈرى | --سەڭ، -ساڭ | -سەڭلار، -ساڭلار |
| | سىپايە تۈرى | | |
| III شەخس | | - سە، - سا | |

مەسىلەن:

كەل + سەم ← كەلسەم　　　ئوقۇ + ساق ← ئوقۇساق

بەر + سەڭ ← بەرسەڭ　　　قىل + سىڭىز ← قىلسىڭىز

ئۆردەكنىڭ گۆشىنى يېسەڭ، غازنىڭ پېيىدا بول.

ئىشلىسەڭ، چىشلەيسەن.

بۆگۈن يامغۇر ياغمىسا، تاغقا چىقمىز.

قېلىنراق كىيىنمىسەڭ، سوغۇق ئۆتۈپ قالىدۇ.



**2- « -قال -» ياردەمچى پېئىلى ۋە بىر قىسىم ئۆتۈمسىز پېئىللاردىن تەركىپ تاپقان «-پ»لىق رەۋىشداشلار بىرىكىپ كەلگەندە، «-پ»لىق رەۋىشداش ئىش – ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىپ بولۇشىغا ئاز قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:**

مېنىڭ ئۇكام ئوقۇش يېشىغا يېتىپ قالدى.

ئوقۇشىمىزمۇ تۈگەپ قالدى.

سىلەر ئۇيغۇرچىنى خېلى ياخشى بىلىپ قالدىڭلار.

**3- ئۆزلۈك ئالماش**

ئۆزلۈك ئالماش شەيئىلەرنى ئېنىق ئايرىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئالماشتۇر. تىلىمىزدىكى ئۆزلۈك ئالماش «ئۆز»دېگەن بىرلا سۆزدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ھامان ئىسمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. لېكىن تەۋەلىك ئۇقۇمىنى ئىپادىلىمەيدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالماش ۋە ئىسىملارغا شەخس، سان، ئاتاش تۈرى جەھەتتە ماسلىشىپ كېلىدۇ. مەن ئۆزۈم، بىز ئۆزۈمىز، سەن ئۆزۈڭ، سىز ئۆزىڭىز، سىلى ئۆزلىرى، سىلەر ئۆزۈڭلار، ئۇ ئۆزى، ئۇلار ئۆزلىرى.....

| | |
|---|---|
| Karşılaş – | ئۇچرا - |
| Dikkat çek – | جەلپ قىل - |
| Farkında olmayan | ئىختىيارسىز |
| İkiz | قوشكېزەك |
| Tandır | تونۇر |
| Güneşli | ئاپتاپ |
| Acayip | ئاجايىپ |
| Lezzeli | يېيىشلىك |
| Dök – | تۆك- |
| Sin – | سىڭ – |
| Beğen – | ئامراق بول - |
| Ekmekçi | ناۋاي |
| İşle – | تاۋلا – |
| Çorak | قاقاس |
| Kızart – | قىزىت - |
| Güya | بەئەينى |
| Heveslen – | ھەۋەسى كەل - |
| Küme | دۆۋە |
| Yarat – | يارات - |
| Sanat | سەنئەت |
| Ada – | بېغىشلا – |
| Öv – | مەدھىيلە - |



## گرامماتىكا

### 1- پېئىلنىڭ شەرت رايى

شەرت رايى مەلۇم بىر ھەرىكەتكە قارىتا ئىككىنچى بىر ھەرىكەتنىڭ شەرت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل شەكلىدۇر.

بۇ خىل راي شەكلىگە پېئىل ئۆزىكىگە «- سا، -سە» قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ھەم شەخس، سان قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. بۇ مەلۇم ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ياكى ئورۇنلانماسلىقى يەنە بىر ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش ياكى ئورۇنلانماسلىقىغا باغلىق بولۇپ كېلىدۇ.

بىز ئۆز ئورنىمىزدا ئولتۇرايلى.
سىلەر ئۆز ئورنىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار.
ئۇلار ئۆز ئورنىدا ئولتۇرسۇن.

## تېكست

## ئاتۇش گىردىسى

ناۋادا سىز قەدىمىي شەھەر ئاتۇشقا بارغۇدەك بولسىڭىز، ئالدى بىلەن يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا قاتار ئولتۇرۇپ گىردە سېتىۋاتقان ئادەملەرنى ئۇچرىتىسىز. رەتلىك تىزىلغان. چىلاندەك قىزىرىپ پىشقان

چىرايلىق گىردىلەر سىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلماي قالمايدۇ. سىز بۇ گىردىلەردىن ئىختىيارسىز بىر نەچچىنى سېتىۋالماي بۇ يۇرتتىن كېتەلمەيسىز.

شۇنداق، ئاتۇش گىردىسى – ئاتۇشتىن چىقىدىغان ئەنجۈرگە ئوخشاشلا داڭلىق. ئۇلار ھەقىقەتەن ئاتۇشنىڭ داڭلىق قوشكېزەكلىرى. ئويلاپ بېقىڭ، بىرى قىزىق تونۇردا پىشسا، يەنە بىرى تومۇزنىڭ ئاپتىپىدا پىشىدۇ.

ئاتۇش گىردىسى ئاجايىپ يېيىشلىك، ئاجايىپ تەملىك! بىلەمسىز، ئۇنىڭغا ئاتۇش دېھقانلىرىنىڭ تاشلىقنى ئاشلىق ئېتىزىغا ئايلاندۇرۇشتا تۆككەن ھالال تەرى سىڭگەن.

مەن ئاتۇش گىردىسىگە بەكمۇ ئامراق. ئاتۇشنىڭ ئىشچان ناۋايلىرى خېمىرنى كۈچلۈك بىلەكلىرى بىلەن قايتا – قايتا تاۋلاپ، بۇ يۇرتنىڭ قاقاس تاغلىرىدىن چىقىدىغان سۆزگەن بىلەن تونۇرنى ئوبدان قىزىتىپ تاۋلاپ، كىچىك – كىچىك گىردىلەرنى ياقىدۇ. سىز تونۇردىن ئەمدىلا چىققان چىرايلىق گىردىلەرنى كۆرگەندە، ھاياجانلانماي تۇرالمايسىز. ئۇ بەئەينى كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان قىزىرىپ پىشقان بىر دۆۋە ئالمىغا ئوخشايدۇ.

مەن ئاتۇش گىردىسىگە كىچىكىمدىن تارتىپ بەك ئامراق. ئېھ، ئاتۇش گىردىسى، سەن سەنئەتكار ئۇيغۇر خەلقى ياراتقان يەنە بىر سەنئەت. تىلغا تەم، تەنگە كۈچ بېغىشلايدىغان ئالىي نېمەت. مەن سېنى مەدھىيىلەيمەن، مەڭگۈ قەدىرلەيمەن.

## يېڭى سۆز – ئىبارىلەر

| | |
|---|---|
| Artış (yer adı) | ئاتۇش |
| Eğer | ناۋادا |
| Eski, antik | قەدىمىي |
| Yaka | قاسناق |
| Tandır ekmeği | گىردە |